

دوكتۇر ئانا سۆزلەپ بەرگەن ھېكايىلەر

ۋاكاكا بىلەن ئېيشىشنىڭ

ئۈچار بېلىقتا ئۆزگىرىشى

# تىركەك

# «يەل قورساق»

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

爱生气的"气鼓子"：维吾尔文 / 黎程程编；玛尔江·吾买尔译. — 乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社，2011.5
（博士妈妈讲故事）
ISBN 978-7-5469-1357-5

Ⅰ.①爱… Ⅱ.①黎… ②玛… Ⅲ.①连环画 – 作品 – 中国 – 现代 Ⅳ.①J228.4

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2011)第 088971 号

丛 书 名 博士妈妈讲故事
书　　名 爱生气的"气鼓子"
主　　编 黎程程
译　　者 玛尔江·吾买尔
责任编辑 努尔阿利亚·阿布都克里木
责任校对 买哈巴·铁外库
制　　版 乌鲁木齐标杆集书刊设计有限公司
出　　版 新疆美术摄影出版社
　　　　 新疆电子音像出版社
发　　行 新疆新华书店
印　　刷 新疆新华印刷厂
开　　本 880 mm × 1230 mm　1/24
印　　张 2
版　　次 2011 年 5 月 第 1 版
印　　次 2011 年 6 月 第 1 次印刷
书　　号 ISBN 978-7-5469-1357-5
总 定 价 58.00 元（全十册）

www.uyghurkitap.com



ۋاكاكا ئاكا ـ سىڭىللار يولدىن ئادىشىپ قاپتۇ.

بېلىق، راكلار:

ــ ئەسلىدە ئۇياقتىن مېڭىش كېرەك ئىدى.

ــ خاتا، ئەسلىي بۇياقتىن مېڭىش كېرەك ئىدى، ــ دەپ ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۇشۇپتۇ.

بېلىق، راكلار يېرىم كۈن مۇنازىرىلىشىپ، ئاخىرى:

ــ بۇ ھەدىمىزدىن سوراپ باقايلى! ــ دېگەن تەكلىپ-

نى بېرىپتۇ. ۋاكاكا ئاكا ـ سىڭىللار يو[illegible]ـالقىنى

شۇنداق يوغان، چىرايلىق بىر بېلىقنىڭ يولنى كۆرسىتىۋاتقان-

لىقىنى كۆرۈپتۇ.





بىلىق، راكلار بۇ چىرايلىق بىلىققا مەپتۇن بولۇپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغان ھالدا:

— ۋوي، ئۇ بەك چىرايلىقكەن، بەدىنىدە چىرايلىق شەكىللەر بار ئىكەن!

— ئۇنىڭ بەدىنى نېمىدېگەن سىلىق، پارقىراق ھەم چىرايلىق، — دەپ مۇنازىرىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ.

بىلىجان ئەتراپتىكىلەرنىڭ ماختاشلىرىدىن پەخىرلىنىپ، بەدىنىدىكى رەڭگارەڭ شەكىللەرنى تېخىمۇ جۇلالاندۇرۇشقا باشلاپتۇ.



بېلىق، راكلار ئۇيان ـ بۇيانغا قاراپ:

ــ غەلىتە ئىشقۇ، ئۇنىڭ بەدىنىدە قاسراق يوققۇ؟

ــ توغرا مەنمۇ بايقىدىم. بىراق بېلىقتا قاسراق بولمىسا بولمايدۇ، ــ دېيىشىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئۇ بېلىق كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ تۇرۇپ:

— بېلىق قاسرىقى راستىنلا مۇھىممۇ؟ — دەپ سورىغان ئىكەن، قىزىل بېلىق بەدىنىدىكى قاسراقنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— بەدىنىمىزدىكى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش پارچە-پارچە قاتتىق قاسراقلار شۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ــ قاسراق نېمىگە ئىشلىتىلىدۇ؟ ــ دەپ سوراپتىـ
كەن، قىزىل بېلىق مۇرىسىنى ئېتىپ، قولىنى شىلتىپ
تۇرۇپ:

ــ مەنمۇ بىلمەيمەن، ئىشقىلىپ بېلىق قاسرىقى بىز بېلىقلار ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— بېلىق قاسرىقى بېلىقنىڭ قوغدىغۇچىسى بولۇپ، ئەتراپتىكى مىكرۇبلاردىن ياللۇغلىنىشىنىڭ ۋە كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، — دەپتۇ ئەيشىشى چۈشەندۈرۈپ. بېلىق، راكلار:

— دېگىنى توغرا، ھەقىقەتەن شۇنداق، — دېيىشىپ ئەيشىشنىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلەپتۇ.





ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



— بېلىق قاسىرقى بېلىق بەدىنىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئۇ بېلىقنىڭ بەدەن قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ، — دەپتۇ ئەيشىشى يەنە.

— توغرا، قارىماققا ئۇ بىزنىڭ قېپىمىزغا ئوخشاش رول ئوينايدىكەن، — دەپ بېشىنى لىڭشىتىپتۇ كىچىك راك.



www.uyghurkitap.com

ئەيشىشى بېلىق قاسرىقىغا قىزىقىش بىلەن قاراپ يەنە:

— بېلىق قاسرىقى دەۋر ئالماشتۇرىدۇ، بىر قېتىم ئالمىشىشى بىر قىش ئۆتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، شۇڭا بېلىق قاسرىقىغا قاراپ بېلىقنىڭ قانچە ياشقا كىرگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، — دەپتۇ. ھېلىقى بېلىق ھەيرانلىق ۋە قىزىقىش ئىلكىدە:

— ۋۇي، نېمانداق غەلىتە، بېلىق قاسرىقىنىڭ يەنە قانداق رولى بار؟ — دەپ سوراپتىكەن، كىچىك راك، قىزىل بېلىقنى تارتىپ:

— مەن قاراپ باقاي! سىز قانچە ياشقا كىردىڭىز كىن؟ — دەپتۇ.





ۋاكاكا ھېلىقى بېلىقنىڭ قاسىرقىنىڭ بار ـ يوقلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن بەدىنىنى سىلاپ باقماقچى بوپتۇ ـ دە:

ـــ بەدىنىڭدە راستلا قاسراق يوقما؟ ـــ دەپ سوراپتۇ. ھېلىق تو-يۇقسىزلا غەزەپلىنىپ:

ـــ يوقال، مەندىن يىراق تۇر، ـــ دەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ. ئەيشىشى چۆچۈپ:

ـــ ئاكا، ئۇنىڭغا يېقىنلاشما، ـــ دەپ ۋاكا-كانى توسۇپتۇ.



چىرايلىق بېلىق تۈيۈقسىز چىرا-
يىنى ئۆزگەرتىپ، بەدىنىنى تىكەنلەش-
تۈرۈپ، داپتەك تومپىيىپ، قورسىقى-
دىن «گۇ، گۇ» قىلىپ غەلىتە ئاۋاز چى-
قىرىشقا باشلاپتۇ. بېلىق، راكلار بېلى-
جاننىڭ بۇ غەلىتە ئاۋازىدىن بىئارام
بولۇپ قۇلىقىنى ئېتىۋېلىشىپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بېلىق، راكلار نېمىش بولغىنىنى ئاڭقىـ
ـرالماي:
ــ ئۇ خاپا بولۇپ قالغانمىدۇ؟
ــ ئۇنىڭ نېمانداق ئاچچىقى يامان.
ــ ۋايجان! ئۇنىڭ ئاچچىقلانغان ھالىتى
نېمانداق بەتبەشىرە، يوغان توپقىلا ئوخشايدىـ
ـكەن، ــ دەپ كېتىشىپتۇ.



— ئاكا، ئۇنىڭ چىشىغا تەگمە، ئۇ نامى چىققان تىرىككەك «يەل قورساق» بېلىق بولۇپ، يەنە توقماق بېلىق دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئادەتتە ئۇنىڭ قاسرىقىنى كۆرگىلى بولمايدۇ، ئەمما ئاچچىقلانغاندا قورسىقى تەمبۇردەك يوغىناپ، بەدىنىدىكى تىكەنلىرى تىك تۇرۇپ كېتىدۇ، — دەپتۇ ئەيشىشى ۋاكاكاغا چۈشەندۈرۈپ.



بۇ ۋاقىتتا، ھېلىقى كىچىك توقماق بېلىق يۇمىلاق قورسىقىنى كۆتۈرۈپ كۆچتۈڭگۈر پالۋانغا ئوخشاپ قالغان ئىكەن. ئۇ ۋاكاكاغا غەزەپ بىلەن:

— ماڭا ئەدەپسىزلىك قىلىشقا پېتىندىڭما تېخى، — دەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ. بېلىق، راكلار بۇ چىرايلىق توقماق بېلىقنى ياسالمىلىق قىلىشقا ئۇستىكەن دەپ ئويلاپ قىلىشىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ۋاكاكا پۇشايمان قىلىپ توقماق بېلىققا:
— مەن پەقەت بەدىنىمدە قاسراق بارمۇ دەپ
تۇتۇپ باققان، — دەپتۇ. بېلىق، راكلارمۇ بىرلىكتە
ۋاكاكاغا قوشۇلۇپ:
— نېمانداق ئاچچىقىڭنى يامان قىلىسەن، —
دەپ ئەيىبلەپ كېتىپتۇ.



— مەن بۇرۇن ئۆيۈمنىڭ ئالدىدا سەيلە قىلغاچ، مەيلى كىچىك ياكى چوڭ ئاسلان بولسۇن ئۇلارنىڭ بېشىغا بوشقىنە ئۇرۇپ، ئەركىلىتىپ قوياتتىم، — دەپتۇ ئۇلارغا چۈشەندۈرۈپ. بېلىق، راكلار:

— ئۇچار بېلىق ئاكام ناھايىتى ئەدەبلىك.

— شۇنداق، شۇنداق، — دەپ ئۇنىڭغا يان بېسىشىپتۇ. ئەيشىشى پىخىلداپ كۈلۈپ كېتىپتۇ ۋە كۆڭلىدە: «ئىت، مۇشۇكلەرنى قانداق بوزەك قىلىدىغانلىقىنى دېمەيدۇ، تېخى» دەپتۇ ئىچىدە.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بۇ ۋاقىتتا توقماق بېلىق بىر ئاز ئوڭايسىزلىنىپ:
— ئۇقۇشماسلىق بوپتۇ، سىلەرنى خاتا چۈشىنىپ قاپتىمەن،
مېنى كەچۈرۈۋەتكىن، — دەپ ۋاكاكادىن كەچۈرۈم سورىدى.



www.uyghurkitap.com



ۋاكاكا تېرىككەك «يەل قورساق» نىڭ يوغان قورساق بولۇپ ئۆزگىرىشىگە قىزىقىپ:

— قورسىقىڭنىڭ ئىچىدە نېمە بار؟ بىز كۆرۈپ باقساق بولامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.



www.uyghurkitap.com

بىراق، ھازىر توقماق بېلىقنىڭ بايىقى يوغان قورسىقى كۆرۈنمەپتۇ. ۋاكاكا تېخىمۇ غەلىتىلىك ھېس قىلىپ، ئۇنى كۆزى كىچىكلىك قىلىۋاتىدۇ، شۇڭا نەرسىنى كۆپچىلىككە كۆرسەتكىلى ئۇنىمىدى، دەپ ئويلاپ تۇزۇت قىلمايلا:

— ۋۇي، يانچۇقۇڭغا سېلىۋالغان نەرسە نەگە كەتتى؟ بىز بايىلا كۆرگەن تۇرساق، ئۇنىڭغا كۆپچىلىك گۇۋاھ بولالايدۇ، — دەپ سوراپتۇ. بېلىق، راكلار توقماق بېلىقنى چوقۇم ئويۇن ئويناۋاتىدۇ، دەپ قاراپ، ئۇنىڭدىن:

— توغرا، ئەمدى كۆرۈنمەيدىغۇ؟

— يانچۇقۇڭ يوق تۇرىدىغۇ؟ بىز ئىزدىشىپ بېرەيلى بولمىسا؟ — دېيىشىپتۇ. توقماق بېلىق كۆپچىلىكنىڭ سۆزلىرىدىن ئوڭايسىزلىنىپ، قول ئىشارىسى بىلەن:

— ياق، ياق، ئۇ يوقاپ كەتمىدى، — دەپتۇ.





www.uyghurkitap.com

توقماق بېلىق ۋاكاكانىڭ تىكىلىپ قارىشىدىن چۆچۈپ:

— سىلەر دەۋاتقان يانچۇق مېنىڭ ھاۋا خالتام بولىدۇ، مەن قىسقا ۋاقىتتا جىق سۇ ئىچەلەيمەن ۋە ھاۋا سۈمۈرۈۋالىمەن، بۇ ۋاقىتتا مەن يوغان قورساق بېلىق بولىمەن، — دەپ چۈشەندۈرۈپتۇ.



— ۋۇي، مەن چۈشەندىم، ئەسلىدە قورسىقىڭدىكىسى ھاۋا ياكى دېڭىز سۈيى ئىكەن ـ دە، — دېگەن ئىكەن، توقماق بېلىق بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ:

— توغرا، — دەپتۇ. بېلىق، راكلار بىرئاز ئۈمىدسىزلىنىپ:

— ھەي، بىز تېخى قانداق ياخشى نەرسە يوشۇرۇنغاندۇ دەپتىمىز، — دېيىشىپتۇ.



— نېمە ئۈچۈن بېلىق جىق سۇ ئىچىۋالسا، ياكى توخ-
تىماي ھاۋا سۈمۈرسە، قورسىقى پارتلاپ كەتمەيدۇ؟ —
دەپتۇ ۋاكاكا تېخىچە چۈشەنمەي.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئىلدىرىسى



توقماق بېلىق كۆپچىلىكتىن:
— قايسىڭلار دەپ باقىسىلەر؟ — دەپ سوراپتىكەن،
بېلىق، راكلار تالىشىپ تۇرۇپ:
— مەن، مەنمۇ بار، — دەپ قول كۆتۈرۈپتۇ.


www.uyghurkitap.com




توقماق بېلىق كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە قورسىقىنى كۆپتۈرۈپ:

— بىز توقماق بېلىقلارنىڭ بەدىنى ئالاھىدىرەك بولۇپ، بىزنىڭ ھاۋا خالتىمىز بىۋاسىتە ئىچكى ئەزالىرىمىز بىلەن تۇتاش، يەنە كېلىپ ئىچكى ئەزالىرىمىزنىڭ بىر قىسمى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. لازىم بولغاندا، مۇسكۇللىرىمىز ئىچكى ئەزالىرىمىزنى ئېتىش، ئېچىش رولىنى ئۆتەپ، ئالاھىدە قاپقاق ئارقىلىق ھاۋا ۋە سۇنى قورسىقىمىزغا قاچىلايدۇ، — دەپ چۈشەندۈرۈپتۇ. بېلىق، راكلار غەلىتىلىك ھېس قىلىپ:

— ۋۇي، ئۇ ھەقىقەتەن سېھىرگەردەك يامانكەن، — دەپ ماختاپ كېتىشىپتۇ.



توقماق بېلىق ئەسلىي ھالىتىگە قايتىپ:

— مەن ئاخىرى بىز توقماق بېلىقلارنىڭ نېمە ئۈچۈن قاسىرىقى بولمايدىغانلىقىنى بىلدىم دەپتىكەن، كۆپچىلىك تېخىمۇ قىزىقىپ:

— نېمە ئۈچۈن، چاققانراق دەپ بەرسەڭچۇ؟ چوقۇم قىزىقارلىق، — دەپ سوراپ كېتىشىپتۇ.

www.uyghurkitap.com

توقماق بېلىق كۆپچىلىكنىڭ ئۆزىگە قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، قۇيرۇقىنى پۇلاڭلىتىپ تۇرۇپ:

— بىز توقماق بېلىقنىڭ ئەزەلدىنلا تاغاق سۆڭىكىمىز يوق بولۇپ، مەيدىمىزدە تىكەنمۇ يوق، بەدىنىمىزدە قاسراقمۇ يوق، بۇنداق بولغاندا، قورسىقىمىز تېخىمۇ يوغان كۆرۈنىدۇ، — دەپتۇ.

بېلىق راكلار قورسىقىنى تىك تۇتۇپ، مەيدىسىنى كېرىپ تۇرغان توقماق بېلىقىغا ھەۋەسلىنىپ:

— ھەقىقەتەن قالتىسكەن، — دېيىشىپتۇ. ۋاكاكامۇ ئاغزىنى ئېچىپ تۇرۇپلا قاپتۇ.





ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

توقماق بېلىق مەغرۇرلانغان ھالدا:

— ھىم، ئادەملەرنىڭ ئەقلىنى قانداقمۇ بىز بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولسۇن، مانا بىز توقماق بېلىقلار ھەقىقىي ئەقىللىق، — دەپتۇ. بېلىق، راكلارمۇ توقماق بېلىقنىڭ دېگىنىگە قايىل بولۇپ:

— ھەقىقەتەن توغرا دېدىڭىز، بىز بۇرادەرلەر سىزدىن پەخىرلىنىمىز، — دەپ ئۇنى قوللاپ كېتىشىپتۇ.



ۋاكاكا قايىل بولماي، توقماق بېلىقنى زاڭلىق قىلغاچ:

— ھىم، ھەقىقەتەن پو ئاتىدىكەنسەن، قورسىقىڭ بۇنداق يوغان بولسىمۇ «پو» نى ئېتىۋەرسە قورساق پارتلاپ كەتمەمدۇ؟ — دەپتۇ.



توقماق بېلىق ۋاكاكانىڭ غەلىتە سۆزىدىن خاپا بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن «ھا، ھا، ھا» دەپ قاقاقلاپ كۈلۈپتىكەن، ئۇنىڭ كۈلكىسىگە ئەگىشىپ پۈتۈن بەدىنى تىترەپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن بېلىق، راكلار ئۇنىڭ خۇشال ياكى خاپا بولغىنىنى بىلمەي قاپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



توقماق بېلىق تېلىقىپ كۈلۈپ، قورسىقىنى كۆرسىتىپ:

— بۇرادەرلەر، بەدىنىمگە قاراپ بېقىڭلار، بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇسكۇللار. بىز بۇ ئارقىلىق قورسىقىمىزنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىنى تەڭشەيمىز. بۇنىڭ بىلەن ھاياتىمىزنى ساقلايمىز، بىز ھەرگىزمۇ ئۆزىمىزنى نابۇت قىلىدىغان ئەخمىقانە ئىشنى قىلمايمىز، — دەپتۇ.



ۋاكاكا بۇرادەرلىرىنىڭ توقماق بېلىقنىڭ ياخشى گېپىنى قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇزۇت قىلمايلا:

— سېنىڭ ئاچچىقىڭ نېمانچە يامان؟ دائىم شۇنداق ئاچچىقـ لىنامسەن؟ — دەپ ئۇنىڭ كەمچىلىكىنى يۇزىگىلا ئېيتىپتۇ.

بېلىق، راكلار:

— شۇنداق، دائىم ئاچچىقلاش سالامەتلىككە زىيانلىق، — دەپ نەسىھەت قىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغى ئادرېسى

توقماق بېلىق كۆپچىلىكنىڭ سەمىمىيلىكىنى كۆرۈپ:
— كۆپچىلىك خاتا چۈشىنىپ قاپسىلەر؟ مەن سىلەر ئويلىغاندەك تېرىككەك ئەمەس، پەقەت دۈشمەنگە ئۇچرىغاندىلا، يەلقورساق بولۇۋالىمەن، بۇ ۋاقىتتا بەدىنىم كۆپۈپ، تىكەنلىك هالەتكە كېلىدۇ، دۈشمەنلەر بىزگە يېقىنلىشالماي شۆلگىيى-نى ئېقىتىپ كېتىپ قالىدۇ، — دەپ چۈشەندۈرۈپتۇ.





ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

توقماق بېلىق پەخىرلەنگەن ھالدا:

— بىزنىڭ تېرىمىز گەرچە يۇمران كۆرۈنسىمۇ، ناھايىتى چىدامىلىق، دۈشمەنلەر ھەرقانچە قىلىپمۇ بىزگە زىيانكەشلىك قىلالمايدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، يوغانراق بىرەر ئادەم بىزنى دەسسەپ تۇرسىمۇ بىزگە زەخىم يەتمەيدۇ، — دەپتۇ.

بېلىق، راكلار توقماق بېلىقنىڭ مۇنداق يۇمرانلىقىغا قاراپ:

— نېمانداق يامان، ئادەملەرمۇ يامان نىيەتتە بولالمايدىكەن، توقماق بېلىق ھەدىمىز ھەقىقەتەن قالتىسكەن ـ ھە! — دېيىشىپتۇ.



ئەيشىشى توقماق بىلىققا قىزىقىپ:

ــ سىز بايا دېگەندەك، قورسىقىڭلارغا هاۋا ۋە سۇ قاچىلايدىكەنسىلەر، ئۇنداقتا سىلەر دېگىز سۈيىنى قاچىلاشنى ياخشى كۆرەمسىلەر ياكى هاۋانىمۇ، ــ دەپ سوراپتۇ.



توقماق بېلىق بۇ سوئالغا ئويلىنىپمۇ قويماستىن:

— ئەلۋەتتە دېڭىز سۈيىنى ـ دە، چۈنكى دېڭىز سۈيىنى ئاسان سىرتقا چىقىرىۋېتەلەيمىز، مۇسكۇلنى چىڭىتساقلا، دېڭىز سۈيى ئۆزلىكىدىن «غورت، غورت» قىلىپ چىقىپ كېتىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى



— لېكىن ھاۋانى بولسا، ئاستا ـ ئاستا، ئاز ـ ئازدىن قىسىپ چىقىرىشقا توغرا كېلىدۇ، — دەپتۇ ئارقىدىنلا.

ئەيشىشى چۈشەنگەندىن كېيىن، ئۇلارغا چىن كۆڭلىدىن قايىل بوپتۇ ۋە:

— ۋۇي، سىلەرنىڭ ئالاھىدە تېخنىكاڭلار بار ئىكەن، — دەپتۇ. بېلىق، راكلار ئاڭقىرالماي، ئۆزئارا:

— تېخنىكا دېگەن نېمە گەپ؟

— توغرا، توقماق بېلىق ھەدىمىز ھەققەتەن قالتىسكەن، — دەپ كۇسۇرلىشىپتۇ، ۋاكاكانىڭ بۇنى ئاڭلاپ يەنىلا قايىل بولغۇسى كەلمەپتۇ.





www.uyghurkitap.com



ئەيشىشى يەنە بىر مۇھىم مەسىلىنى سورىماقچى بوپتۇ - يۇ، ئەمما توقماق بېلىقنىڭ ئاڭلاپ خاپا بولۇشىدىن ئەنسىرەپ گەپنى ئەگىتىپ تۇرۇپ:

— توقماق... ھەدە، مەن يەنە بىر سوئال سوراي دېگەن، پەقەت بىرئاز، بىرئاز... — دەپ دېيىش - دېمەسلىكنى بىلەلمەي تۇرۇپ قاپتۇ. توقماق بېلىق خۇش پېئىللىق بىلەن:

— نېمىنى سورىماقچى ئىدىڭىز؟ نېمىگە خىجىل بولىسىز؟ — دەپتۇ.

— توقماق بېلىق ھەدە، باشقىلاردىن «توقماق بېلىق يې-
يىشلىك» دېگەندەك گەپلەرنى ئاڭلىدىم، بۇ نېمە دېگەن گەپ؟ —
دەپ سوراپتۇ ئەيشىشى. بېلىق، راكلارمۇ بۇنىڭغا قىزىقىپ:
— توغرا، بۇ نېمىدېگەن گەپ؟ — دەپ سوراپتۇ.



www.uyghurkitap.com



بۇ ۋاقىتتا توقماق بېلىقنىڭ قورسىقى تويۇقسىز تەمبۇردەك يوغىناپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ تۇرۇپ:

— بىزنىڭ گۆشىمىز ھەقىقەتەن مەزىلىك، بۇ بىزنىڭ خاتالىقىمىزمۇ؟ ئادەملەر يالماۋۇزدەك ئاچ كۆز، ئۇلارنىڭ مەقسىتى ئامال تېپىپ بىزنى يېيىش! — دەپتۇ.



توقماق بېلىق ئاچچىقلانغانسېرى يۇزى قىزىرىپ، چىشلى
كىرىشىپ كېتىدىكەن. ئۇ:

ــ ھىم، ئەجەبا بىز توقماق بېلىقلار شۇنچە بوزەكمىكەنمىز؟ تېنىمىزدىكى ئىچكى ئەزالاردا قان، تېرە، كۆزلىرىمىزدە ئىنتايىن زەھەرلىك ماددا بار. كىشىلەر بىزنى يېگەن ھامان زەھەرلىنىپ قالىدۇ. ئۇنىڭ داۋاسى تېپىلغىنى يوق، ــ دەپتۇ. بېلىق، راكلار تەڭلا:

ــ ناھايىتى ياخشى بوپتۇ، ــ دەپ ئۇنى قوللىشىپتۇ.

www.uyghurkitap.com



توقماق بېلىق سۆزلىگەنسېرى ئاچچىقلىنىپ:

— كىشىلەر ھەرقانچە ئامال قىلىپمۇ بىزنىڭ بەدىنىمىزدىكى زەھەرنى يوقىتالمايدۇ، دۇملىسىمۇ، ھاراققا چىلىسىمۇ، تۈزلىسىمۇ بىكار، — دەپتۇ. سۆزلىگەنسېرى ئۇنىڭ بەدىنىدىكى تىكەنلەر كۆپىيىشكە باشلاپتۇ، بېلىق، راكلارمۇ مۇشتلىرىنى تۈگۈپ توقماق بېلىقنى قوللاپ:

— توغرا، قاراپ تۇرسۇن! قېنى كىم يامانكىن، — دېيىشىپتۇ.

ئەيشىشى توقماق بېلىقنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، بىر ئاز تەئەججۇپلىنىپ، ۋاكاكانىڭ قۇلىقىغا:

— ئاكا، چاققانراق كېتىۋالايلى، ئۇلار بىزنىڭ ئادەملىكىمىزنى بىلىۋالسا، تازا ياخشى بولمىغۇدەك، — دەپ پىچىرلاپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# توقماق بېلىق



توقماق بېلىق يەنە تېرىككەك «يەل قورساق بېلىق»، «گازلىق بېلىق» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئىلمان بولغان دېڭىز سۈيىدە، دېڭىز ئاستىدا ياشايدىغان بېلىق تۈرى، بەدىنى قىسقا ھەم سېمىز بولۇپ سانجاق ـ سانجاق تىكەنلەر بار، خەتەرگە يولۇققان ھامان سۇ ياكى ھاۋانى يۇتۇۋېلىپ، بەدىنىنى يۇمىلاق توپقا ئوخشاش قىلىپ، دۈشمەنىنىڭ زىيانكەشلىكىگە تاقابىل تۇرىدۇ. نۇرغۇن توقماق بېلىقنىڭ ئىچكى ئەزاسىدا بىر خىل ئۆتكۈر زەھەرلىك ماددا بار. ئۇلارنىڭ مۇسكۇلىدا زەھەر بولماستىن، تۇخۇمدىنى ۋە جىگىرىدە كۈچلۈك زەھەر بولىدۇ، گەرچە توقماق بېلىقتا زەھەر بولسىمۇ، ئۇنىڭ گۆشى يۇمران، يېيىشلىك. شۇڭا كىشىلەر ئارىسىدا «ئۆلسەڭمۇ توقماق بېلىق گۆشىنى يەپ ئۆل» دەيدىغان گەپ بار.



## كېيىنكى قىسىم مەزمۇنى

«ساردىنا بېلىقى بىلەن كىتنىڭ جېڭى»: ۋاكاكا كۆپچىلىككە ساردىنا بېلىقىنىڭ كىت بىلەن كۈرەش قىلىشى توغرىسىدىكى ھېكايىسىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. بىركۈنى ساردىنا بېلىقلىرى بىر ئاچ قالغان كىتقا ئۇچراپ قالىدۇ، قانداق قىلىش كېرەك؟ ساردىنا بېلىقى بىر ياخشى ئامال تاپىدۇ... ئەمىسە، ساردىنا بېلىقى قانداق ياخشى ئامال بىلەن يوغان كىتقا تاقابىل تۇرغاندۇ؟





www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

بىلىم ـــ قولىڭىز يېتىدىغانلا جايدا.

بۇ كىتاب سىزگە ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغان ھېكايىلەرنى ئېيتىپ بېرىدۇ.

بۇ كىتاب بالىلارنى ئىلىم ـ پەن قەسرىگە باشلاپ بارىدۇ.





**مەجمۇئە نامى:** دوكتۇر ئانا سۆزلەپ بەرگەن ھېكايىلەر

**كىتاب نامى:** تېرىككەك «يەل قورساق»

**تۈزگۈچى:** لى چېڭچېڭ

**تەرجىمە قىلغۇچى:** مارجان ئۆمەر

**مەسئۇل مۇھەررىرى:** نۇرئالىيە ئابدۇكېرىم

**مەسئۇل كوررېكتورى:** مەرھابا تەۋەككۈل

**بەت ياسىغۇچى:** ئۈرۈمچى بىياۋگەنجى كىتاب لايىھەلەش چەكلىك شىركىتى

**نەشرىيات:** شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى

شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

**تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى

**زاۋۇت:** شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى

**فورماتى:** 880mm × 1230mm 1/24

**باسما تاۋىقى:** 2

**نەشرى:** 2011 ـ يىلى 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

**بېسىلىشى:** 2011 ـ يىلى 6 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى

**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978-7-5469-1357-5

**ئومۇمىي باھاسى:** 58.00 يۈەن (جەمئىي ئون كىتاب)

5.80

ISBN 978-7-5469-1357-5

9 787546 913575 >

总定价:58.00元(全十册)